# باج ئېلىش - باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەق تاپشۇرغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىشنى مەركەز، تالوننى ئېلېكترونلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى بۆسۈش ئېغىزى، باج چوڭ سانلىق مەلۇماتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلغان يۇقىرى توپلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا، يۇقىرى بىخەتەرلىك ئىقتىدارىغا، يۇقىرى قوللىنىشچان ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئىگە ئاقىل باج ئىشلىرىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، دەل جايىدا قانۇن ئىجرا قىلىش، ئىنچىكە مۇلازىمەت قىلىش، دەل جايىدا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، سەممىي ئورتاق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، باج قانۇنىغا رىئايە قىلىش دەرىجىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئېلىش، تاپشۇرۇش تەننەرخىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىپ، باجنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى ئۇللۇق، تۈۋرۈكلۈك، كاپالەتلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

«پىكىر»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان خىزمەت پرىنسىپى: پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ كەم - كوتىسىز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ باجنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، باج ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش شەكلىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، باجنى قانۇنچىللاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش؛ خەلق ئۈچۈن بولۇش، خەلققە قولايلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارغا پايدىلىق، خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باج تاپشۇرغۇچىلار، ھەق تاپشۇرغۇچىلارنىڭ مۇۋاپىق ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش؛ مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كۈچەپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۇرلەرنى كۈچەيتىپ، باج ئېلىش - باشقۇرۇشتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىش؛ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، باج ئىشلىرى ساھەسىدىكى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باج ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدىيەسى ۋە شەكلى، ۋاستە قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇش؛ سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، باج ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئومۇمىي گەۋدە خاراكتېرلىك توپلاشتۇرۇش شەكلىدە ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

«پىكىر»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق نىشان: 2022 - يىلىغا بارغاندا، باج ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش، باج - ھەق مۇلازىمىتىنى قولايلاشتۇرۇش، باج ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى دەل جايىدىلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش. 2023 - يىلىغا بارغاندا، «خەۋپ - خەتەر بولمىسا دەخلى قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا سۈرۈشتۈرۈش، پۈتكۈل جەرياننى ئەقلىي تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش»تەك باج ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش يېڭى سىستېمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىپ، تەجرىبە شەكلىدىكى قانۇن ئىجرا قىلىشتىن ئىلمىي، توغرا قانۇن ئىجرا قىلىشقا ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ «تور سىرتىدىكى مۇلازىمەتتە يوچۇق قويماسلىق، توردىكى مۇلازىمەتنى توختاتماسلىق، زاكازلىق مۇلازىمەت بىلەن كەڭ قاپلاش»تەك باج - ھەق مۇلازىمىتى يېڭى سىستېمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىپ، پەرقسىز مۇلازىمەتتىن ئىنچىكىلەشتۈرۈلگەن، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇلغان، خاسلاشتۇرۇلغان مۇلازىمەتكە ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋە «ئالاقە تورى + نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش»نى ئاساسىي ۋاستە، نۇقتىلىق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى تولۇقلىما، «ئىناۋەت + خەۋپ - خەتەر» بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان باج ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش يېڭى سىستېمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىپ، «باجنى تالون ئارقىلىق باشقۇرۇش»تىن «باجنى سان ئارقىلىق ئىدارە قىلىش»تەك تۈرگە ئايرىپ دەل جايىدا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشقا ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش. 2025 - يىلىغا بارغاندا، باج ئېلىش - باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان ئاقىل باج ئىشلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇلغان مەمۇرىيەتتە قوللىنىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، باج ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باج ئېلىش - باشقۇرۇشنى رەقەملەشتۈرۈپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئاقىل باج ئىشلىرى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، تالوننى ئېلېكترونلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى پۇختا قەدەم بىلەن يولغا قويۇپ، باج چوڭ سانلىق مەلۇماتىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش، قوللىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ باج ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش تۈزۈمى ۋە مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. باج - ھەققە ئالاقىدار قانۇن - نىزام، تۈزۈمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، باج ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ، باج ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، باج ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىشتا رايونلارنىڭ ماسلىشىشىنى كۈچەيتىش، باج ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىشنى ئىچكى قىسمدا كونترول قىلىش ۋە نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەقلىي ئىقتىدارلىق باج - ھەق مۇلازىمىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش كېرەك. باج - ھەقتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى بىۋاستە يەتكۈزۈش، تېز بەھرىمەن بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، باج بېجىرىش، ھەق تاپشۇرۇش يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، باج بېجىرىش، ھەق تاپشۇرۇش شەكلىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاپ، باج تاپشۇرۇش، ھەق تاپشۇرۇش قېتىم سانى ۋە ۋاقتىنى سىجىل ئازايتىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق خاسلاشقان مۇلازىمەتنى پائال يولغا قويۇپ، باج تاپشۇرغۇچىلار، ھەق تاپشۇرغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش؛ باج ئىشلىرى بويىچە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى دەل جايىدا يولغا قويۇش كېرەك. «ئىناۋەت + خەۋپ - خەتەر»نى ئاساس قىلغان يېڭى تىپتىكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باجغا ئالاقىدار قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش؛ باجنى ئورتاق ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. تارماقلارنىڭ ھەمكارلىشىشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ماسلىشىشىنى كۈچەيتىپ، باجنىڭ قانۇن يۈرگۈزۈش كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، خەلقئارا باج ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ باج ئىشلىرى تەشكىلىي كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئېلىش - باشقۇرۇش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى ۋە كۈچىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئېلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نەتىجە - ئۈنۈمنى باھالاشنى ياخشىلاش، ئۆستۈرۈش كېرەك.

«پىكىر»دە يەنە ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يېتەكلەپ، ئىلگىرىلەش يولىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ماڭغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. پارتىيە گېربى بەلگىنىڭ سول تەرەپ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى جاھان مۆجىزىلىرىنى ياراتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 56 تال نۇر سىزىقى «100» رەقىمىنى ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ تۇتاشتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش نۇرىنىڭ جۇڭخۇا زېمىنىنى جۇلالاندۇرغانلىقى، كەلگۈسى يولنى يورۇتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. گەرەلەشتۈرۈلگەن «1921» رەقىمى 100 يىل ئىلگىرىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، «2021» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقى، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى باشلىغانلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئىككى چەمبەر پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ خۇددى توختىماي ئىلگىرىلەۋاتقان تارىخ چاقىدەك توسالغۇسىز ھالدا باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

پائالىيەت بەلگىسىنى ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى مۇھىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك باش تېما تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتى بۇيۇملىرىنى ياساشتا كەڭ كۆلەملىك ئىشلەتسە بولىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

### ئىككىنچى، ئىشلىتىش تەلىپى

1. تەبرىكلەش پائالىيىتى بەلگىسىنى ئىشلىتىشتە ئېھتىياتچان، كەسكىن بولۇش كېرەك، خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە، شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە ياكى رەڭگىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، چوڭايتىش ياكى كىچىكلىتىش سەۋەبلىك بەلگىنىڭ مۇكەممەللىكىنى بۇزۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

2. تەبرىكلەش پائالىيىتى بەلگىسىنى سودا ئېلانىغا، تاۋار ماركىسى قىلىپ ئىشلەشكە ياكى باشقا ھەرقانداق سودا خاراكتېرلىك ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، شەخسىي تەبرىكلەش ۋە تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

3. تەبرىكلەش پائالىيىتى بەلگىسىنى ئېلېمېنت قىلىپ ياسالغان بۇيۇملار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېمىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇشى كېرەك، قالايمىقان ئىشلىتىشكە، كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

4. تەبرىكلەش پائالىيىتى بەلگىسىنى ئىشلىتىشتە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ۋاقتىدا، ئورۇنغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق ئىگىلەپ، ئومۇمىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ھەم قويۇق جەمئىيەت كەيپىياتى يارىتىشقا پايدىلىق بولۇشىغا، ھەم ھازىرقى ئادەمىيەت، تەبىئەت مەنزىرىسىنى بۇزۇۋەتمەسلىككە دىققەت قىلىپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ مۇھىت قىياپىتى بىلەن ماس بولۇشقا، بىردەك بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

### ئۈچىنچى، ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش

1. تەبرىكلەش پائالىيىتى بەلگىسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدە بولىدۇ.

2. بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى تەبرىكلەش پائالىيىتى بەلگىسىنى تاۋار ماركىسى سۈپىتىدە رويخەتكە ئالدۇرۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بەلگىنى سودىدا رويخەتكە ئالدۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، بەلگە ئىشلىتىلىدىغان بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

3. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەۋەلىكىدىكى پائالىيەتلەر ۋە مەسئۇل بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلەرنى نازارەت قىلىپ، بەلگىنى تەلەپ بويىچە ئىشلەتمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاراتمىلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ۋاقتىدا تۈزىشى كېرەك.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى**
**2021 - يىلى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى**
**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنى قانۇنچىللاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇش، دەل جايىدىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

جاۋ كېجى مۇنداق كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىنىڭ نەتىجىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك مۇستەھكەملىنىپ، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ بۇرچ، ۋەزىپىسىنى سادىقلىق بىلەن ياخشى ئادا قىلىپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، قەتئىي ھالدا شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھازىرقى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىدە دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپ - خەتەر، خىرىسنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، كۆلپەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى كۈچەيتىپ، قاتتىق زەربە بېرىش يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى باشتىن - ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ ساقلاپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە تېخىمۇ پايدىلىق تۈپ ئۆزگىرىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. پورت، چېگرانىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەپ، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» «تېررورلۇق ئارقىلىق جۇڭگونى چەكلەش» سۇيىقەستىنى قەتئىي مەغلۇپ قىلىش كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىنى تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشىنىدىغان، تايىنىدىغان، خاتىرجەم بولىدىغان جامائەت خەۋپسىزلىكى پولات قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشقا ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن چاقىرغان مۇھىم، زور تەدبىر. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە تارىخنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمنى تىرىشىپ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، سىياسىي يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلىتىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر، يۈزبەرگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى، ئەمەلىي تەلىپىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەۋىلىكنى تاۋلاش، پەزىلەتنى چېنىقتۇرۇش، كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق، ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، مەنىۋى كالتسىينى يېتەرلىك تولۇقلاپ، ئىدىيە رولىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن - ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيە تارىخنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ھەقىقىي تۈردە جەمئىيەت مۇقىملىقى، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

لېكسىيە دوكلاتى بېرىش يىغىنى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە(شەھەر، رايون)لەرگىچە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) ۋە ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى، نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 13 مىڭدىن ئارتۇق كىشى دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

چۈشتىن بۇرۇن، چۈ چېڭشەن يەنە ماۋ زېمىننىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆگە بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئامما، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، پارتىيە تارىخى مەخسۇس تېمىسىدىكى لېكسىيەنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يەر تەۋرەش يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى تېزدىن يولغا قويۇپ، كۈچ تەشكىللەپ ئاپەت ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، قالدۇق يەر تەۋرەش ۋە ئىككىلەمچى ئاپەتتىن زىچ مۇداپىئەلىنىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - بىر تەرەپ قىلىش ۋە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، كېيىنكى ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنىڭ نورمال بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، يەر تەۋرەش، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلاردىكى خادىملارنى باشلاپ يەر تەۋرىگەن رايونغا دەرھال يېتىپ بېرىپ، شۇ جاينىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلىشىنى ماسلاشتۇردى، يېتەكچىلىك قىلدى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە باي ناھىيەسى جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى تېزدىن يولغا قويدى، ۋىلايەت، ناھىيەدىكى مەسئۇل يولداشلار ئاپەت رايونىنىڭ بىرىنچى سېپىگە دەرھال يېتىپ بېرىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەپ، خەتەرلىك بەلباغدىكى 65 ئائىلىلىك 278 ئادەمنى بىخەتەر جايغا يۆتكىدى، يەر تەۋرەش ئەھۋالىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، ئانالىز قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى يۆتكەپ توشۇپ، ئاپەت ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ، نۇقتىلىق ئورۇن، رايونلاردىكى يوشۇرۇن خەۋپنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشى ۋە مال - مۈلۈكنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى ئازايتتى.

نۆۋەتتە، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى تەرتىپلىك ئىشلەنمەكتە.